## 21523 ـ ئالته كىتاپنىڭ ئاپتورلىرى

**سۇئال**

ئالته كىتاپنىڭ ئاپتورلىرى كىم ، ئۇلارنىڭ كىتاپلىرىدا ئاجىز ھەدىيسلەر بارمۇ ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

ئالته كىتاپنىڭ ئاپتورلىرى :

1– ئىمام بۇخارىي

2– ئىمام مۇسلىم

3– ئىمام ئەبۇ داۋۇت

4– ئىمام تىرمىزىي

5– ئىمام نەسائىي

6– ئىمام ئىبنۇ ماجەھ

ئۇلارنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرلىشى تۆۋەندىكىچە :

1– ئىمام بۇخارىي

2– ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ـ ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەت بىن ئىسمائىيل بىن ئىبراھىيم بىن مۇغىيرەھ بىن بەردىزبەھ جەئفىي بۇخارىي . ئۇنىڭ بوۋىسى مۇغىيرەھ ـ بۇخارانىڭ ۋالىسى يەمان جەئفىينىڭ ئازاتگەردىسى بولغاچقا ، مۇسۇلمان بولغاندىن كىيىن ئۆزىنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىپ جەئفىينى تەخەللۇس قىلغان . ئىمام بۇخارىي ھ 194–يىلى بۇخارادا تۇغۇلغان . ئۇ يىتىمچىلىكتە چوڭ بولغان ھەمدە ئون يىشىدىن بۇرۇن ھەدىسلەرنى يادقا ئېلىشقا باشلىغان . ئۇ يىگىت بولغاندا مەككىگە سەپەر قىلغان ھەمدە ھەج ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان . ئۇ بىر مەزگىل مەككىدە قىلىپ ، فىقھى، دىن ئاساسلىرى ۋە ھەدىيس ئىماملىرىنىڭ قولىدا ئوقۇغان . ئاندىن ئۇ ساياھەت قىلىشنى ، بىر ئىسلام رايونىدىن يەنە بىر ئىسلام رايونىغا بېرىشنى تولۇق 16 يىل داۋاملاشتۇرغان . ئۇ نۇرغۇن بىلىم مەركەزلىرىنى زىيارەت قىلغان ، ئۇيەردىن پەيغەمبەرنىڭ (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ھەدىيسلىرىنى توپلىغان ، ئاخىرى ئۇ جەمئىي 600،000 دىن ئارتۇق ھەدىيسنى يىغىپ چىققان . ئۇ بىر مىڭ ھەدىيسشۇناسقا مۇراجىئەت قىلغان ۋە ئۇنى ئۇلار بىلەن مۇزاكىرە قىلغان . بۇ ئالىملار ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەنلىكى ، تەقۋالىقى ، ساغلام ئەقىدىسى تونۇلغان كىشىلەردۇر . بۇ زور مىقداردىكى ھەدىيسلەردىن ئۇ ئۆزىنىڭ كىتابى [سەھىيھۇل بۇخارىي] نى تۈزۈپ چىققان،

ھەمدە تەتقىقاتىدا ھەدىسلەرنىڭ ئىشەنچىلىك بولۇشى ۋە توغرا ھەدىيسلەرنى ئاجىز ھەدىيسلەردىن ئايرىشتا ، ھەمدە نەقىل قىلغۇچىلارنى سۈرۈشتە قىلىشتا ئەڭ ئىنچىكە ئىلمىي كۆرسەتمىلەرگە ئەگەشكەن، شۇنداق قىلىپ ئۇ كىتابىغا توغرا ھەدىيسلەرنىڭ توغرىسىنى خاتىرلىگەن ، لىكىن ئۇ بارلىق توغرا ھەدىيسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان . كىتاپىنىڭ تولۇق ئاتىلىشى ـ [الجامع الصحيح المسند من حديث رسول الله صلى الله عليه وسلم وسننه وأيامه ] .

بۇخارانىڭ ۋالىسى بۇخارىينى ئۆيىگە كىلىپ بالىلىرىغا دەرىس ئۆتۈپ بىرىشىنى ۋە ئۇلارغا ھەدىيسلەرنى ئوقۇپ بىرىشىنى ئۆتۈنگەن ، بىراق بۇخارىي ئۇنىماي ئۇنىڭغا خەت ئەۋەتكەن : بىلىم ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئىزدىلىشى كىرەك . مەنىسى ، بىلىم ئاپىرىپ بېرىلمەيدۇ ، ئەكىتىلىدۇ . ئالىملاردىن بىر نەرسە ئۆگەنمەكچى بولغان ئادەم ئۇلارنىڭ قېشىغا مەسچىتكە ياكى ئۆيىگە بىرىشى كىرەك . شۇنىڭ بىلەن ۋالىينىڭ ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىكى قوزغۇلۇپ ئۇنى بۇخارادىن چىقىرىۋىتىشكە بۇيرىغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەمەرقەند كە يېقىن خەرتەنك يېزىسىغا كەتكەن ، ئۇ يەردە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى بولۇپ ، ئۇ تاكى ھ 256- يىلى 62 يېشىدا ۋاپات بولغۇچە ئۇ يەردە ياشىغان . ئاللاھ ئۇكىشىگە رەھىم_شەپقەت قىلسۇن .

2 ـ ئىمام مۇسلىم

ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى مۇسلىم بىن ھەججاج بىن مۇسلىم قۇشەيرىي، نىساپورىي ئەبۇل ھۇسەيىن . ئۇ ئاساسلىق ھەدىيسشۇناسلارنىڭ بىرى ھەمدە ئەڭ بىلىملىكلەرنىڭ بىرى . ئۇ ئىمام شافىئىي ۋاپات بولغان كۈندە، ھ 204-يىلى نىساپوردا تۇغۇلغان . ئۇ نىساپوردا ئوقۇغان ، ھەمدە چوڭ بولغاندا ھەدىيس ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىراق ۋە ھىجاز سەپەر قىلغان . ئۇ نۇرغۇن پېشىۋالاردىن ھەدىيسلەر ئاڭلىغان ھەمدە نۇرغۇن ھەدىيشۇناسلار ئۇنىڭدىن ھەدىيس نەقىل قىلغان . ئۇنىڭ ئەڭ داڭلىق كىتابى ـ ئۇنىڭ [سەھىيھۇل مۇسلىم ] كىتابى . بۇ ئىشەنچىلىك ھەدىيس كىتاپلىرىنىڭ بىرى . ئۇ بۇ كىتاپنى تۈزۈشكە 15 يىلغا يېقىن ۋاقىت سەرىپ قىلغان ، ھەمدە ئۇ سەھىيھۇل بۇخارىيغا قارىغاندا ئورۇن ۋە ھەدىيسلىرىنىڭ كۈچلۈكلىكىدە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ . نۇرغۇن ئالىملار ئۇنىڭ كىتابىغا شەرھىيلەرنى يازغان .

ئۇنىڭ كىتاپلىرى يەنە[ كتاب الطبقات ]، [كتاب الجامع ] ، [كتاب الأسماء ] ۋە باشقا باسما ۋە قولىيازما شەكلىدىكى كىتاپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇ نەسەرئاباد شەھرىدە ، ھ 261- يىلى ، 57 يېشىدا ۋاپات بولغان . ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم_شەپقەت قىلسۇن .

3- ئىمام ئەبۇ داۋۇت

ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ـ سۇلەيمان بىن ئەشئەس بىن شەدداد بىن ئامىر بىن ئىسھاق بىن بەشىير ئەزدىي ، سەجىستانىي ، سەجىستانلىق . ئەبۇ داۋۇت ئۆز دەۋرىدىكى ئاساسلىق ھەدىيسشۇناسلارنىڭ بىرى . ئۇ [سۈنەنى ئەبۇ داۋۇت]نىڭ ئاپتورى ، ئۇ ئالتە ئىشەنچىلىك ھەدىيس كىتاپلىرىنىڭ بىرى . ئۇ ھ 202-يىلى تۇغۇلغان . ئۇ باغداتقا سەپەر قىلىپ ئۇ يەردە ئىمام ئەھمەت بىن ھەنبەل بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالغان ؛ ئۇ يەنە ئۇنىڭغا ئوخشايتتى . ئۇ يەنە ھىجاز ، ئىراق ، خۇراسان ، سۈرىيە ، مىسىر، ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ چىگرالىرىغىچە بارغان . نەسائىي ، تىرمىزىي ۋە باشقىلار ئۇنىڭدىن ھەدىيس نەقىل قىلغان . ئۇ تەقۋالىق ۋە توغرا يوللۇق بولۇشتا ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىگە يەتكەن . ئۇنىڭ كىتابى سۈنەن 5300 دىن ئارتۇق ھەدىيسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

خەلىفە ئەبۇ ئەھمەت تەلھە ( مۇۋەففەق ئەبباسىي ) ئۇنىڭدىن ئۈچ نەرسىنى سورىغان : بىرىنچىسى ، ئۇ بەسرەگە كۆچىشى ۋە ئۇيەردە ئولتۇراقلىشىشى كىرەك ، شۇنداق بولغاندا بىلىم ئىزدىگۈچىلەر ئۇنىڭ قېشىغا كىلەلەيدۇ ، ھەمدە شۇنداق قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى ئۇ يەرگە ئولتۇراقلاشتۇرغىلى بولىدۇ . ئىككىنچىسى ، ئۇ [سۇنەن] نى بالىلىرىغا ئۆگىتىشى كىرەك . ئۈچىنچىسى ، ئۇ بالىلىرىغا مەخسۇس سىنىپ بېرىشى كىرەك ، چۈنكى خەلىفىنىڭ بالىلىرى ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن ئولتۇرماسلىقى كىرەك . ئەبۇ داۋۇت ئۇنىڭغا مۇنداق دىگەن : بىرىنچىسىگە بولىدۇ ؛ ئىككىنچىسىگە بولىدۇ ؛ ئەمما ئۈچىنچىسىگە بولمايدۇ ، چۈنكى ھەممە ئادەم بىلىمنىڭ ئالدىدا باراۋەر . شۇنىڭ بىلەن مۇۋەففەق ئەبباسىينىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭ دەرسلىرىگە قاتنىشىدىغان ، ھەمدە ئۇلار بىلەن باشقا كىشىلەر ئوتتۇرسىدا پەردە تارتىلىپ ئولتۇرىدىغان بولدى . ئۇ تاكى ھ 275-يىلى ۋاپات بولغۇچە بەسرە دە تۇرۇپ قالدى . ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم_شەپقەت قىلسۇن .

4- ئىمام تىرمىزىي

ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى _ مۇھەممەت بىن ئىيسا بىن سورەھ بىن مۇسا بىن زەھھاك سەلەمىي ، تىرمىزىي ، ئەبۇ مۇسا . ئۇ ماۋەرائۇننەھىر شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان تىرمىزلىق بولغانلىقى ئۈچۈن تىرمىزىي دەپ ئاتالغان . ئۇ ئاساسلىق ھەدىسشۇناسلار ۋە ھەدىيس يادلىغۇچىلارنىڭ بىرى . ئۇ ھ 209-يىلى تۇغۇلغان ھەمدە بۇخارىينىڭ قولىدا ئوقۇغان ؛ ھەمدە ئۇلار بەزى ئۇستازلاردىن بىرلىكتە دەرس ئالغان . ئۇ خۇراسان ، ئىراق ۋە ھىجازغا سەپەر قىلىپ ھەدىيس ئىزدەشنى باشلىغان . ئۇ ھەدىيسلەرنى يادلىشى ، ئىشەنچىلىكلىكى ۋە بىلىمى بىلەن داڭق قازانغان .ئۇنىڭ ئۇستازلىرى ئەھمەت بىن ھەنبەل ، ئەبۇ داۋۇت سەجىستانىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇ [ جامىئۇت تىرمىزىي] نى تۈزۈپ چىققان بولۇپ ئالتە ئىشەنچىلىك ھەدىيس كىتاپلىرىنىڭ بىرى ھىساپلىنىدۇ . بۇ كىتاپتا ئۇ ، ھەدىيسلەرنى تەپسىلىي سۆزلەشتە قىلغان بولۇپ ،فىقھىنى ئۆگەنگۈچىلەرگە پايدىلىق ، چۈنكى ئۇ تىنغا ئالغان ھەدىيسلەرنىڭ كۆپىنچىسى فىقھىنىڭ ئەھكاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك . ئۇ ئىسنادلارنى تىلغا ئالىدۇ ، ھەدىيسنى نەقىل قىلغۇچى ساھابىلارنى تىزىملاپ چىقىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ توغرا ھەدىيس دەپ ئىشەنگەنلىرىنى توغرا دەپ يازىدۇ ، ئاجىز دەپ ئىشەنگەنلىرىنى ئاجىزدەپ يازىدۇ .ئۇ فىقھشۇناسلارنىڭ ئىچىدە كىمنىڭ بۇ ھەدىيسنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ،كىمنىڭ قوبۇل قىلمىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ . ئۇنىڭ [جامىئى] سى [سۇنەن] كىتاپلىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ دائىرىلىك، ھەمدە ھەدىيسشۇناسلار ۋەفىقھشۇناسلار ئۈچۈن ئەڭ ئىشلىتىلىشچان كىتاپتۇر . ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرى[ كتاب الشمائل النبوية ], [العلل في الحديث ] نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .ئۇ شەھەرلەرنى ئايلىنىپ كۆزگە كۆرۈنگەن ، بىلىمى چوڭقۇر ئالىملاردىن توغرا نەقىللەرنى توپلىغاندىن كيىن ، ھاياتىنىڭ كيىنكى قىسمىدا ئەما ياشىغان . ئۇ ھ 279- يىلى 70 يېشىدا ۋاپات بولغان . ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم_شەپقەت قىلسۇن .

5- ئىمام نەسائىي

ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى _ ئەھمەت بىن شۇئەيىب بىن ئەلىي بىن سىنان بىن بەھر بىن دىنار نەسائىي ، ئەبۇ ئابدۇرراھمان . ئۇ خۇراساننىڭ نەسا شەھرىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن نەسائىي دەپ ئاتالغان .

ئۇ ھ 215-يىلى تۇغۇلغان ، ھەمدە ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئاساسلىق ئالىملار ۋە ھەدىيسشۇناسلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ [جرح وتعديل ] ھەققىدىكى شەرھى ئالىملار تەرىپىدىن يۇقۇرى باھاغا ئېرىشكەن .ھاكىم مۇنداق دىگەن : مەن ئەبۇ ھەسەن دارەقۇتنىينىڭ نەچچە

قىتىم : ئەبۇ ئابدۇرراھمان ــ بارلىق ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئىچىدە بىرىنچىسى ، ھەم ئۆز دەۋرىدە ، نەقىل قىلغۇچىلارنى ئەڭ ياخشى باھالىغۇچى ،دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم .

ئۇ ئىنتايىن تەقۋا ۋە توغرا يوللۇق ئىدى ، ھەمدە ئۇ ئەڭ ياخشى روزىنى(داۋۇدنىڭ روزىسى) تۇتۇشقا داۋاملىق ئادەتلەنگەن بولۇپ كۈن ئالماشتۇرۇپ روزا تۇتاتتى . ئۇ مىسىردا ياشىغان ، ئۇ يەردە ئۇنىڭ كىتابى نام تاپقان ھەمدە كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن . ئاندىن ئۇ دەمەشىققە كۆچكەن ، ئۇ يەردە ھ 300-يىلى سەپەرنىڭ 13 ، دۈشەنبە كۈنى 85 يېشىدا ۋاپات بولغان .

ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم-شەپقەت قىلسۇن .

6- ئىمام ئىبنۇ ماجەھ .

ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ــ مۇھەممەت بىن يەزىد رەبئىي ، قەزۋەينىي ، ئەبۇ ئابدۇللاھ . ئۇنىڭ دادىسى يەزىد ماجەھ دەپ تونۇلغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇمۇ ئىبنۇ ماجەھ دەپ تونۇلغان . رەبئىي دىگەن ئىسىم رەبىيئەنى كۆرسىتىدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى رەبىيئەنىڭ ئازاتگەردىسى بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان .

ئۇ بىر داڭلىق ھافىز ھەمدە [سۈنەن] دەپ ئاتالغان ھەدىس كىتابىنىڭ ئاپتورى . ئۇ ھ 209-يىلى قەزۋەيىندە تۇغۇلغاچقا قەزۋەينىي دەپ ئاتالغان . ئۇ ئىراق ، بەسرە، كۇفە ، باغداد ، مەككە ، سۈرىيە ، مىسىر ۋە رەيگە ھەدىس يىزىش ئۈچۈن بارغان . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سەپەرلىرىدە ئۈچ كىتاپنى يازغان : تەپسىر ھەققىدە بىر كىتاپ ؛ تارىخ ھەققىدە بىر كىتاپ ، بۇنىڭدا ساھابىلار دەۋرىدىن ئۆز دەۋرىگىچە بولغان ، سۈننەت ھەققىدىكى نەقىللەرنى خاتىرلىگۈچى كىشىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى يازغان ؛ ھەمدە ئۇنىڭ [سۈنەن] ناملىق كىتابى . ئىبنۇ ماجەھ ھ 273- يىلى رامىزاننىڭ 22 ، دۈشەنبە كۈنى 64 يېشىدا ۋاپات بولغان .

ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم-شەپقەت قىلسۇن .

بۇ كىتاپلاردىكى ھەدىسلەرنىڭ ھۆكمى :

سەھىيھۇل بۇخارىي ۋە سەھىيھۇل مۇسلىمغا كەلسەك ، ئۇممەت بۇ كىتاپلار ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلدى ، ھەمدە ئۇلار بۇ كىتاپلاردىكى ، بۇخارىي ۋە مۇسلىم ئۇلارنىڭ نىمە ئۈچۈن توغرا ئەمەسلىكىنى ئىنىق ياكى مۇجمەل ھالدا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن نەقىل قىلغان ئىنتايىن ئاز ئىبارىلەردىن باشقا ھەممىسىنىڭ توغرا(سەھىيھ) ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى ، ئالىملار بۇ ئىككى كىتاپقا ئىلاۋىلەرنى يازدى ، مەسىلەن ، ئىسلام پېشىۋاسى ئىبنۇ تەيمىييە ئۇنى چۈشەندۈرگەن .باشقا سۈنەن كىتاپلىرىغا كەلسەك ، ئۇلار ئاندا-مۇندا ئاجىز ھەدىسلەردىن خالى ئەمەس . ئۇلارنىڭ بىرقىسمىنى ئاپتورلارنىڭ ئۆزى شۇنداقلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن . قالغانلىرى بولسا باشقا ئالىملار تەرىپىدىن كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن . ئۇلار ئاجىز ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلمىغان ، چۈنكى ئۇلار ھەدىسلەرنى ئىسنادلىرى بىلەن نەقىل قىلغان ، شۇڭا ئالىملارغا نەقىل قىلغۇچىلار زەنجىرىنى تەكشۈرۈش ،ھەمدە كىمنىڭ ئىشەنچىلىك ، كىمنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىش ئارقىلىق توغرا ھەدىسلەرنى ئاجىزلىرىدىن تونۇش ئاسان .

بۇ ساھەدە داڭلىق ئالىملاردىن ، ئەھمەت ، دارەقۇتنىي ، يەھيا بىن مەئىيىن ، ئىبنۇ ھەجەر ، زەھەبىي ، ۋاقىي ، ۋە شەۋكانىيلار بار . بۇ ساھەدە ھازىرقى زامان ئالىملىرىدىن ئەلبانىي ، ئەھمەت شاكىر ۋە باشقىلار بار . ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە رەھىم-شەپقەت قىلسۇن .

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .

پېشىۋا مۇھەممەت سالىھ مۇنەججىد